ئابدۇل ئەزىز بىن باز

# نامازدىن كېيىنكى زىكرىلەر


تەييارلىغۇچى:

شەيخ ئابدۇل ئەزىز يۇنۇس ئارتۇشى

**Abdul Aziz Artushi**
**✉ P. O. Box no : 2757 Makkah**
**K. S. A.**
**Tel. : 00966-2-5375652**
**Fax : 00966-2-5375032**
**Mobile : 055528059**


بسم الله الرحمن الرحيم

## نامازدىن كېيىنكى زىكرىلەر

ئابدۇل ئـەزىز بىـن بـاز دىـن بـارلىق مۇسـۇلمانلارغا سوغات.

## ھەر قانداق پەرز نامازلاردىن كېيىن ئوقۇلىدىغان زىكرىلەر

زىكرىلەرنى ئوقۇش سۈننەتتۇر :

" استغفر الله " نى ئۈچ قېتىم .

" اللهم انت السلام و منك السلام تباركت ياذالجلال والاكرام،
لا اله الا الله وحده لا شريك له ، له الملك وله الحمد وهو
على كل شىء قدير. لا حول ولا قوة الا بالله، لا اله الا الله،
ولا نعبد الا اياه، له النعمة، وله الفضل وله الثناء الحسن، لا
اله الا الله مخلصين له الدين ولو كره الكفرون ".
" لا اله الا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو
على كل شىء قدير. اللهم لا مانع لما اعطيت ولا معطى
لما منعت ولا ينفع ذاالجد منك الجد ".

## بامدات ۋە شام نامىزىدىن كېيىن يۇقـارقىلار بىلـەن

بىرگـە : " لا اله الا الله وحده لا شريك له، له الملـك ولـه الحمد يحيى و يميت وهو على كل شىء قـدير " نـى ئـون قېتىم " سبحن الله " ، " والحمد لله " ، الله اكبر " نى 33 قېتىم دىن ئوقۇپ ، " لا اله الا الله وحده لا شريك لـه، له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير " بىلەن 100 قىلىمىز ، ئايەتەل كۇرسىنى بىر قېـتىم " قل هو الله احد ..."، "قل اعوذ برب الفلق ... " قـل اعوذ بـرب الناس ... " لارنى بىر قېتىمدىن ئـوقۇيمىز. بامـدات نامىزىدىن كـېيىن بـۇ ئـۈچ سـۈرىنى ئـۈچ قېتىمـدىن ئوقۇش ئەۋزەل .

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن

بىر كېچە كۈندۈزدە 12 رەكەت سۈننەت ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

" بىر كېچە كۈندۈزدە 12 رەكەت سۈننەت ئوقۇشقا تىرىشـقان ئـادەم جەننەتكـە كىرىـدۇ. "يـەنى پېشىندىن ئىلگىرى 4 رەكـەت، كـېيىن 2 رە كـەت، شامدىن كېيىن 2 رە كـەت، خۇپتەنـدىن كـېيىن 2 رە كەت، بامداتتىن ئىلگىرى 2 رە كەت . (تىرمىـزى ، نىسائى )


المطبعة الأهلية للأوفست بالطائف ☎ ٧٣٢٦٦٦٠

## ئەسىردىن ئىلگىرى 4 رەكەت سۈننەت ئوقۇغان ئادەمگە اللە نىڭ رەھمەت قىلىشى

" ئەسىردىن ئىلگىرى 4 رەكەت سۈننەت ئوقۇغان ئىنسانغا اللە رەھمەت قىلىدۇ " (ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى)

## ۋىتىر ۋە چاشكا نامىزىنى داۋاملىق ئوقۇش

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ : " سىرداش دوستۇم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچ ئىشنى ھەرگىز تاشلىماسلىقىمنى تەۋسىيە قىلدى. يەنى ۋىترى ئوقۇماي ئۇخلىماسلىقىمنى، 2 رەكەت چاشكا نامىزى ئوقۇشقا ۋە ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنى تاشلىماسلىقىمنى تەۋسىيە قىلدى " (بۇخارى، مۇسلىم ، ئىبنى خۇزەيمە )

## كېچىدە ناماز ئوقۇشنىڭ ۋە ئۇرۇق تۇققانلارنى يوقلاشنىڭ پەزىلىتى

" ئى ئىنسانلار ! سالامنى كۆپ قىلىڭلار، يوقسۇزلارغا تائام بېرىڭلار، ئۇرۇق تۇققانلىرىڭلارنى يوقلاپ تۇرۇڭلار، خالايىقلار ئۇخلاۋاتقاندا سىلەر ناماز ئوقۇڭلار جەننەتكە ئامان ئېسەن كىرەلەيسىلەر" ( تىرمىزى )

## تەۋبە نامىزى

" گۇناھ ئىش قىلىپ قالغان ئادەم دەرھال گۇناھ ئىشتىن قول ئۈزۈپ پاكىزە بولۇپ ناماز ئوقۇسا ئاندىن اللە دىن كەچۈرۈم سورىسا، اللە ئۇ ئادەم ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىدۇ" ( ئەخمەد ، ئەبۇ داۋۇت ، تىرمىزى )

" ياخشى تاھارەت ئېلىپ ھوزۇرى دىل بىلەن 2 رەكەت ناماز ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن جەننەت ۋاجىپ" ( مۇسلىم ، ئەبو داۋۇت، نەسەئى )

## جىنازا نامىزىنىڭ پەزىلىتى

" جىنازا نامىزى ئوقۇغان كىشىگە بىر قىرات ئەجىر بولىدۇ. ئەگەر دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشسا 2 قىرات ئەجىر بولىدۇ. بىر قىرات ئۇھۇد تېغىغا باراۋەر" ( مۇسلىم )

## ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئەزاننى ئاڭلىغان ۋاقىتتا " اللهم رب هذه الدعوة التامة والصلوة القائمة ات محمدا الوسيلة والفضيلة وابعثه مقاما محمود الذى وعته " دېگەن دۇئانى ئوقۇغان كىشىگە قىيامەت كۈنى شاپائىتىم ھالال بولىدۇ .
( بۇخارى )

تەييارلىغۇچى :

شەيخ ئابدۇل ئەزىز يونۇس ئارتۇشى